# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 2 ـ ئاي
29
شەنبە
维吾尔文 2 月29日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24986 ـ سان بۈگۈن 2 بەت


# شى جىنپىڭ كۇبانىڭ دۆلەت رەئىسى ۋە چىلى زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەچتە تەكلىپ بويىچە كۇبانىڭ دۆلەت رەئىسى دىئاز كانېل بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، 1 ـ شۇجى رائۇل بىلەن سىز شۇ ھامان ماڭا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ھال سورىدىڭلار، سىز يەنە مەخسۇس جۇڭگونىڭ كۇبادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا بېرىپ جۇڭگونى قوللايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈردىڭىز، بۇ، جۇڭگو بىلەن كۇبانىڭ چوڭقۇر ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى. كۇبا تەرەپ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىرادىدىن سىپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

# 90% ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى ئىش باشلىدى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى نىشانلاپ، تۈرگە، تۈركۈمگە ئايرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرگەن. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرىنىڭ ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 90%كە يەتكەن.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنېرگىيە، سۇ ئېلېكتىر، نېفىت، تەبىئىي گاز، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق كەسىپلەر چاغانلىق دەم ئېلىش ۋە يۇقۇم مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى سىجىل داۋاملاشتۇردى. شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىي جەھەتتىن نورمال بولدى، خىمىيە سانائىتى ۋە توقۇمىچىلىق قاتارلىق بۆلەكلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى 24 سائەت ئۈدا يۈرۈشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، خلور ـ ئىشقار بۆلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش تولۇق يۈرۈشتۈرۈلدى، كالتسىي كاربىد بۆلىكىنىڭ يۈرۈشتۈرۈش نىسبىتى 93%، توقۇمىچىلىق بۆلىكىنىڭ يۈرۈشتۈرۈش نىسبىتى 80% بولدى؛ شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە نۆۋەتتە بارلىق مەيدان ـ پونكىتلارنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشى نورماللاشتى، فۇكاڭ سانائەت رايونى يېقىلغۇ گاز تۇرۇبا تورى كەسپى نورمال تىجارەت قىلىنۋاتىدۇ؛ شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە قاراشلىق شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست ئۇن چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يۈرۈشۈش نىسبىتى 93% بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر خۇ يەنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى «كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، چىڭ تۇتۇش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بىرىنچى ۋاقىتتا تەقەق قىلىپ تۈزۈپ، كارخانىلارنىڭ يۇقۇم ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا 22 تۈرلۈك تەلەپ ۋە قوللاش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭ سىرتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى توغرىسىدا ئومۇمىي لايىھە تۈزگەن؛ مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەۋە جاي بىلەن پائال ئۇدۇللىشىشى، ئالاقىلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ سىرتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى تۈزۈپ، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ بىخەتەر، تەرتىپلىك ھالدا شىنجاڭغا قايتىشىنى، ئىش ئورنىغا قايتىشىنى تېز ئالغا سىلجىتقان.

«ئادەم كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل. يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، بىز ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ئالاقىدار كارخانىلاردىن يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر ـ بىرلەپ ئۆز كارخانىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى تۈزۈپ، مۇددەتتىن بۇرۇن پىلانلاپ، ئالدىن تەييارلىق قىلىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۇختا يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدۇق.» خۇ يەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، دۆلەت ئېنېرگىيە گۇرۇھى شىنجاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنشىڭ قۇيما تۇرۇبا شىنجاڭ پاي كونترول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت كارخانا يېقىندا بىرىنچى تۈركۈمدە شىنجاڭ سىرتىدىكى 617 ئىشچى ـ خىزمەتچىنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىش خىزمىتىنى باشلىماقچى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى يەنە نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، تۈردە ئىش باشلاش ۋە قۇرۇلۇش داۋاملىقىدىكى قىيىنچىلىقلارنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ نۇقتىلىق تۈرلەردە ئىش باشلاشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى. شىنجاڭ ئايروپورت (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ غۇلجا، ئاقسۇ، قەشقەر ئايروپورتلىرىنى ئۆزگەرتىش ـ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، كېرىيە، موڭغۇلكۈرە، تاشقورغاندا يېڭىدىن ياسىلىدىغان ئايروپورت قۇرۇلۇشىدا 3 ـ ئايدا ئىش باشلاش دەسلەپكى قەدەمدە پىلانلاندى؛ شىنجاڭ ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىتۇمېي 1 ـ نومۇرلۇق ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كان تۈردە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىش باشلاش پىلانلاندى؛ شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە قاراشلىق شىنجاڭ كورلا جۇڭتەي نېفىت ـ خىمىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يىلىغا 1 مىليون 200 مىڭ تونىنا PTA يۈرۈشلۈك ياندىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈردە 3 ـ ئايدا قۇرۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانلاندى.

# 496 خوتەنلىك دېھقان ئىشلەمچى مەخسۇس پويىزغا ئولتۇرۇپ كۈيتۈنگە ئىشلەشكە ماڭدى

خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن **جاڭ يۆك**، ئىختىيارىي مۇخبىر **ئابلىكىم** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سائەت 18 دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە، خوتەندىكى تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ ئىچىدىكى ئىشلەمچىلەر مەخسۇس پويىزى — K6752 قېتىملىق پويىز قاراقاش ناھىيەسى ۋوگزالىدىن ئاستا ـ ئاستا قوزغالدى، قاراقاش ناھىيەسىدىكى 496 دېھقان ئىشلەمچى مەخسۇس پويىزغا ئولتۇرۇپ كۈيتۈنگە ئىشلەشكە ماڭدى.

ئىگىلىنىشچە، 496 دېھقان ئىشلەمچى ئىچىدە 280ى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىكەن. ئىشلەمچىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، بىر كۆزنەكتە يەتكۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 496 دېھقان ئىشلەمچىنى ئۆيىدىن زاۋۇتقا بىۋاستە يەتكۈزىدىكەن ھەم ئۈچ كادىرنى پۈتۈن مۇساپىدە مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەشكە سەپلىگەن.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى كارخانىلار بىلەن پائال ماسلىشىپ، خىزمەتلەرنى ئۇدۇللاشتۇردى، خادىملارنى بىرتۇتاش تەشكىللەپ، بىرتۇتاش سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ، بىرتۇتاش ئاپتوموبىللىق ئاپىرىپ ئەكەلدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغان ھەربىر ئىشلەمچىگە ماسكا تارقىتىپ بېرىپ، مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەرىكەت ھالىتىدە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، ئىشلەمچىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشى يېپىق ھالەتتە بولۇش، پۈتۈن مۇساپىلىك بولۇش، نۇقتىدىن نۇقتىغا بولۇش، بىر كۆزنەكلىك مۇلازىمەت قىلىشنى ياخشى ئىشلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىككى قولدا تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بىرىنچى قېتىم سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا بازىرىدىكى دېھقان ئابدۇسەممەت ئابدۇمەمەت باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئىشلەمچىلىك تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئارزۇلارغا تولدى، «بۇلتۇر سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەردىكى كارخانىلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ مائاشى يۇقىرى، ياتاق ـ تاماقى ياخشى ئىكەن، شۇڭا بۇ يىل كەنت تىزىمغا ئالدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغاندا مەن ئاكتىپلىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇردۇم. زاۋۇتقا بارغاندىن كېيىن، كۆپرەك تېخنىكا ئۆگىنىپ، كۆپرەك پۇل تېپىپ، ئائىلەمدىكىلەرنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن» دېدى ئۇ.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خې گاڭ مۇنداق دېدى: «بىز ئىش ئورنىغىچە دەل جايىدا بولۇش، ئادەمگىچە دەل جايىدا بولۇش تەلىپى بويىچە، تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 50 مىڭ ئادەمنى شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا رايون ھالقىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، 100 مىڭ ئادەمنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، 150 مىڭ ئادەمنى پەسىل خاراكتېرلىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، خوتەن ۋىلايىتىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغانلار سانىنىڭ ئازايماسلىقى، كىرىمىنىڭ تۆۋەنلىمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي، كەسكىن غەلىبە قىلىمىز».




**2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، خوتەندىكى تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ ئىچىدىكى ئىشلەمچىلەر مەخسۇس پويىزى يولغا چىقتى، قاراقاش ناھىيەسىدىكى 496 دېھقان ئىشلەمچى K6752 قېتىملىق پويىزغا ئولتۇرۇپ، قاراقاشتىن كۈيتۈنگە ئىشلەشكە ماڭدى.**

**□ شۇ شياۋلۇڭ فوتوسى**

# پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى

**□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

ئاچقۇچلۇق پەيتتە زەربدارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتەلەيدىغان، خەتەرلىك پەيتتە جان پىدالىق كۆرسىتەلەيدىغان بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي كوممۇنىست بولغىلى بولىدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەشتە سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، قەدىسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىغا يۈكسەك باھا بەردى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ـ قىلالماسلىق، ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا نىسبەتەن مۇھىم، زور سىناق، دەپ كۆرسىتىپ، يەنە بىر قېتىم «پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى.

«جىددىي پەيتتە، قەھرىماننىڭ خىسلىتى نامايان بولىدۇ.» يامان ئەلپاز بىلەن كەلگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، ئەڭ ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلدى، ۋەزىپە قەيەردە خەتەرلىك، ئېغىر بولسا، شۇ يەردە پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمەتلىرىنى قەتئىي، كۈچلۈك ئىشلىدى، شۇ يەردە پارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارت بولدى، ئۈلگە بولدى. ئېغىر كېسەللەر بۆلۈمىدە مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتىن شەھەر ـ يېزا مەھەللىلەردە ئۆيمۇئۆي كىرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكىچە، زاۋۇت ـ سېخلاردا ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپچىقىرىشتىن پەن تەتقىقات تەجرىبىخانىلىرىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقىچە، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ھەرىكىتى ئارقىلىق «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن» دېگەن پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىۋاتىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ

# پوچتا تېز يەتكۈزۈش كەسپىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ تىرانسپورت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ تىرانسپورت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە پوچتا تېز يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، پوچتا تېز يەتكۈزۈش كەسپىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلاردىكى قاتناش ـ تىرانسپورت مەسئۇل تارماقلىرى، پوچتا باشقۇرۇش مەسئۇل تارماقلىرى شۇ جاينىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ياكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن سىنلىق كۆرۈشتى

# مەسئۇلىيەت ـ بۇرچنى ئادا قىلىپ، بالدۇرراق تىنچ ـ ئامان زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىڭلار

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن سىنلىق كۆرۈشۈپ، داۋالاش ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ھەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن داۋالاش ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالىرىدىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى، ئۇلارنى بىرىنچى سەپتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى ھەم ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ياخشى قوغداشنى تاپىلىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە توققۇز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 52گە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شىنجاڭ(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە توققۇز ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى، ئىككىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى، ئىككىسى بىڭتۈەن 4 ـ شىسىدىكى، بىرى بىڭتۈەن 6 ـ شىسىدىكى، بىرى بىڭتۈەن 8 ـ شىسىدىكى، بىرى بىڭتۈەن 9 ـ شىسىدىكى ئاغرىق مىسالى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)